## 38334 ـ شېكەر كېسىلى سەۋەبىدىن روزا تۇتالمىغان كىشى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن قەن كېسىلى بولغاچقا ھەر كۈندە ئىككى قېتىم پېنسىلىن ئوكۇلى ئۇدۇرۇشقا مەجبۇرمەن، شۇ سەۋەپتىن مەن رامزاندا روزا تۇتالمايمەن، روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنى ھېسابلاپ شۇ بويىچە پىدىيە بېرىمەن، مەن توي قىلمىغان بولغاچقا تاماقنى تاماقخانىدىن يەيمەن، روزا تۇتالمىغان كۈنلىرىمنى ھېسابلاپ پىدىيگە نەخ پۇل بەرسەم بولامدۇ؟يېمەككە ئېھتىياجى بار كىشىنى تاپالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پىدىيەنى ئۈچ ـ تۆت كىشىگە تەقسىم قىلىپ بەرسەم توغرا بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز روزا تۇتۇشقا قادىر بولالىسىڭىز روزا تۇتىشىڭىز كېرەك، بۇنداق ھالەتتە سىز روزا تۇتماي، پىدىيە بەرسىڭىز توغرا بولمايدۇ، پېنسىلىن ئوكۇلى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ئەمەس، شۇڭا سىز روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە پېنسىلىن ئوكۇلى سالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىزنىڭ روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىپ روزا تۇتىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. كۆپرەك مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ـ1319ـ نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئەمما روزا تۇتۇش بىلەن كېسىلىڭىز زىيادە بولىدىغان، كۈندۈزدە باشقا دورىلارغىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋە قېيىنلىپ كېتىدىغان بولسىڭىز ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا قازاسىنى قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە تاماق بەرسىڭىز توغرا بولىدۇ.

سىزنىڭ پىدىيگە نەخ پۇل بەرگەنلىكىڭىز توغرا بولماپتۇ، ئەسلىدە پىدىيگە يىمەكلىك بېرىش كېرەك بولىدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«»تەرجىمىسى«»: بەقەرە سۈرىسى 184-ئايەت.

سىز پىدىيە ئادا قىلىش ئۈچۈن كەمبەغەلنى ئىزدەڭ، ياكى سىزگە ۋەكالەتەن كەمبەغەلنى ئىزدەپ پىدىيە بېرىپ قويىدىغان بىرەر كىشىگە پۇلنى بېرىپ قويسىڭىز ئۇ كىشى سىزگە ۋەكالەتەن تاماق سېتىۋېلىپ كەمبەغەللەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.